# 23424 ـ رامزاننىڭ كۈندۈزدە ئۈنتۈپ قىلىپ بىر نەرسە يەۋاتقان كىشىنى كۆرگەندە ئاگاھلاندۇرۇش كېرەكمۇ؟

### سۇئال

سوئال: بەزى كىشىلەر، رامزاننىڭ كۈندۈزدە ئۈنتۈپ قىلىپ بىر نەرسە يەۋاتقان ياكى ئىچىۋاتقان مۇسۇلمان كىشىلەرنى كۆرگەندە ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەسلىك كېرەك، چۈنكى ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك؛ ئۇ كىشىگە ئاللاھ يېمەك ـ ئىچمەك ئاتا قىلدى دەيدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى توغرىمۇ؟ .

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر.

كىمكى رامزاننىڭ كۈندۈزدە ئۈنتۈپ قىلىپ بىر نەرسە يەپ- ئىچىۋاتقان ياكى ئىپتار قىلىشقا سەۋەپ بولىدىغان باشقا ئىشلارنى قىلىۋاتقان مۇسۇلمان كىشىنى كۆرگەندە دەرھال ئۇ كىشىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ قىلىۋاتقان ئىشىدىن چەكلەش كېرەك، رامزاننىڭ كۈندۈزىدە ئاشكارا ھالەتتە بۇنداق ھەرىكەتلەردە بولۇش چەكلىنىدۇ، گەرچە ئۇنداق قىلغان كىشى ئۇنتۇلۇپ قىلىش بىلەن ئۆزرۈلۈك بولسىمۇ، لېكىن باشقا كىشىلەرنىڭمۇ رامزاننىڭ كۈندۈزدە ئۇنتۇپ قاپتىمەن دېگەننى باھانە قىلىپ ئاللاھ چەكلىگەن ھارام ئىشلارنى قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن دېگەن سۆزىدە سەمىمى بولسا ئۇ كىشىگە بۇ كۈننىڭ روزىسىنى باشقا تۇتۇش لازىم كەلمەيدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى ئۇنتۇپ قېلىپ بىرەر نەرسە يەپ قويغان ياكى ئىچىپ قويغان بولسا روزىسىنى داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن، ھەقىقەتەن بۇ ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا يېمەك ۋە ئۇسسۇزلۇق بەرگەنلىكىدۇر.بىرلىككە كەلگەن ھەدىس .

شۇنىڭدەك مۇساپىرلارنىڭ )يەنى سەپەر ئۈستىدىكى كىشىلەر( ئېغىز ئېچىشىغا دىنىمىزدا رۇخسەت قىلىنغان بولسىمۇ لېكىن سەپەر جەريانىدا ياكى بىرەر جايغا چۈشكەندە كىشىلەر ئارىسىدا ئوچۇق- ئاشكارا بىر نەرسىلەرنى يەپ ـ ئىچىشى ۋە روزىدارلارنىڭ قىلىشى چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشى توغرا ئەمەس.

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ياشاۋاتقان باشقا مىللەت(كافىرلار) نىڭمۇ ئوچۇق- ئاشكارا بىر نەرسىلەرنى يەپ ـ ئىچىشى توغرا ئەمەس ھەم چەكلىنىدۇ، چۈنكى كاپىرلارمۇ ئىنسان بولغانلىقى تۈپەيلى ئىنسانىي ئەخلاق بىلەن ئىلىپ ئىيتقاندا، ئېتىقادچىلارنىڭ دىنى پائالىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى دىنى ئىشلارغا سەل قارىماسلىق ئۈچۈن بولۇپ مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان غەيرى دىندىكىلەرنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىدا چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىشى ۋە باتىل دىنى پائالىيەت ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە زىت ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشى چەكلىنىدۇ.

شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالىرى توپلىمى 4-توم 254-بەت.